السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ھەر بىر ئۈممەتنىڭ پىتنىسى بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پىتنىسى مال-دۇنيا

ھەزرىتى كەئب ئىبنى ئىيازدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھەر بىر ئۈممەتنىڭ پىتنىسى بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پىتنىسى مال-دۇنيادۇر»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەزرىتى كەئب ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھەر بىر ئۈممەتنىڭ پىتنىسى بولىدۇ» يەنى ئادەمنى ئازدۇرۇپ، گۇناھ قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەر. «ئۈممىتىمنىڭ پىتنىسى مال-دۇنيا» چۈنكى ئۇ ئارزۇ-ئارمانىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مال-دۇنيا بىلەن بولۇپ كېتىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3736

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee